# نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈشتە گەۋدىلەندۈرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**■ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ مەسىلە تېپىپ چىقىش**

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانداق ئىشلەش كېرەك؟ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنە قانداق قىيىنچىلىقلار بار؟ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىدە قانداق قىلغاندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ... ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى بۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى ھەم بىر تۈركۈم ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردى.

ھازىر دەل شىنجاڭدا مېۋە ـ چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان مەزگىل، قانداق قىلغاندا ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ تەتقىقات تېمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى ھەرقايسى چوڭ ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرىنى يىغىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەمدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش كارخانىلىرى جىددىي ھەل قىلىشقا موھتاج بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى يەنە ئالاقىدار باشقارما ـ ئىشخانىلارنى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى، دۆلەت دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈشتە ئۇنۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، كۆپ مىقدارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا مۇقىم يول يېتەرسىز بولۇش، تەشۋىقات ۋاستىسى كەمچىل بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھازىرقى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈنۈمىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئىگىلىدى.

«ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، 18 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى بېكىتىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نەق مەيداندا كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يولغا قويغىلى بولىدىغان تەدبىر ـ چارىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر دەۋەن باۋشىن.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بىرلەشمىسى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ توققۇز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېمىسىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتتى، بۇ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، پۇل مۇئامىلىدە نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش قاتارلىق نۆۋەتتىكى يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى قىيىن نۇقتا، دىققەت نۇقتىسى مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ھەم ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ماكرولۇق تېمىلار، ھەم تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنىڭ ئىناۋەت خەۋپ ـ خەتىرىنى تۈگىتىش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق كونكرېت تېمىلارمۇ بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

**■ دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش**

مەسىلىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ مەسىلىنى ھەل قىلدى.

«بىز ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە رىشتە. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ساھە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا كارخانىلاردىن پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردۇق ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى(باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى تاۋ لىچيۇڭ.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا پۇقراۋى كارخانىلار ئىنكاس قىلغان سودا ـ تىجارەت مۇھىتى مەسىلىلىرىنى رەتلەپ چىقىپ، توققۇز تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، پۇقراۋى كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەس بولۇش، چوڭ ئەمما كۈچلۈك بولماسلىق، مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىش يوللىرى راۋان بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ بىر تۈركۈم يېتەكلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان پۇقراۋى كارخانىلارنى تاللاپ چىقىپ نۇقتىلىق قوللاش؛ كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يېنىكلىتىپ، كارخانىلارغا چېتىلىدىغان ھەق ئېلىش تىزىملىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى سودا ـ تىجارەت مۇھىتى يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇڭگو خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ كومىتېتى (جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق، مۇلازىمەت يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تارماق كومىتېتلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ قانۇن خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىمپورت ـ ئېكسپورتتا تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ھەم تاموژنا بېجى ئىشلىرىنى بېجىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، سودا ئىشلىرىغا ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

**■ تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش**

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى يىغىن ئېچىپ، مەسئۇل بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ تۆت تۈرلۈك مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تەتقىق قىلدى. «مالىيە تارماقلىرى تۈزىتىشنى تۇتۇشتا، دىققەتنى مالىيە سىياسىتى ۋە مالىيە مەبلىغىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. بىز قەرەللىك ئېيتىلاش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پائال تۈرتكە بولدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى لىيۇ يەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا رەتلەپ چىقىلغان مەسىلىلەر تىزىملىكىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزەتكىلى بولىدىغانلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتتى؛ دەرھال ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىغا قارىتا، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، مالىيە نازارىتى مەخسۇس تۈزەشكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە 59 تۈرلۈك ئەسقاتىدىغان تەدبىرنى قوللىنىپ، 45 كونكرېت مەسىلىنى ھەل قىلدى.

«بىز مالىيەدىن ئاجرىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاپ، مالىيەدىن ئاجرىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى توپلاش، تەقسىملەش ۋە چۈشۈرۈش، چىقىم قىلىش ۋە ئىشلىتىش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى يېپىق ھالقىلىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، خەجلىگەن پۇلنىڭ جەزمەن ئۈنۈمىنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۈنۈمى بولمىغانلارنى جەزمەن جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ ئايلىنىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ مەخسۇس تۈزەش بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مەبلەغ باشقۇرۇش، تارقىتىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ۋاقتىدا تارقىتىلمىغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تولۇقلىمىسىنى تولۇقلاپ تارقىتىپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قوغدىدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى ۋاڭ شىنيۈ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى باش تېما تەربىيەسىدە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ئۈچ دەرىجىلىكتىكى ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جايىدا بولماسلىق، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشتە تېپىلغان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ پائال تۈزەتتى، «ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى»گە ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ھەم 46 ئۈلگىلىك ناھىيە(شەھەر)نىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇچۇرىنى توپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەرقايسى ئۈلگىلىك ناھىيە(شەھەر)لەرنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى تىپىك دېلو مىساللىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، كېڭەيتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈردى.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى جۇڭگو (شىنجاڭ) نامرات رايونلارنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يەرمەنكىسى ھەم ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تيانشان سەپىرى پائالىيىتىنى مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇردى، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، ئېلېكترونلۇق سودا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان 96 كارخانىنىڭ شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئىتتىپاقى قۇرۇشىنى قوللىدى.

ئاقسۇ شەھىرى شىنكاڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى جۇ شۈسېن مۇنداق دېدى: «سودا ئىشلىرى نازارىتى بىزگە ۋاسىتىچى بولۇپ، بۇ قېتىم دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى ۋە ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت كارخانىلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ ياخشى باھادا سېتىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى».



**سايرامدا ساياھەت**

سۈرەتتە: ساياھەتچىلەر يەلكەنلىك كېمىدە سايرامنى ساياھەت قىلماقتا. (8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تارتىلغان)
□ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

# شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرگە سىستېمىلىق تەلىم ـ تەربىيە بېرىش زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىشنى چەكلەپ، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى يوقىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ماھارىتىنى ئىگىلىتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى.

تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالاقىدار ئەھدىنامىلىرى، تەشەببۇسلىرىدا ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، كىشىلىك ئەركىنلىكتىن كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىگىچە، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغىچە، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدىكى، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر چەكلەش، كىشىلىك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش تەدبىرى ئەمەس، بەلكى قانۇن بويىچە قوللىنىلغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم تەدبىر، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەدبىر.

تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتەك جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ياخشى ئۈنۈمى ھەممىگە ئايان. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قارىتا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى، قانۇن بىلىملىرىنى، كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇتۇش دەرسلىكى تەسىس قىلىندى. بىر قاتار قاراتمىلىقى بولغان تەربىيەلەش ئارقىلىق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇنۋېرسال ساپاسى ئۆستى، قانۇنچىللىق ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، دىنىي ئەسەبىزم ئۈنۈملۈك يوقىتىلدى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئاكتىپ تەسىرىدە، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى(ۋەقەسى) يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى روشەن ياخشىلاندى، مىللەتلەر باراۋەر ـ ئىتتىپاق، دىنلار ئېجىل ـ ئىناق، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىش سادىر قىلغانلارنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن دىلىدىن قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

تېررورىزم، ئەسەبىزم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبىلەر ئىزدىنىپ چىقىلدى. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىگە قارا چاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەقىقانىيەت كىشىلەر قەلبىدە. «تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەربىيەلەنگۈچىلەرنى ئادىمىيلىك جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى»، «تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ياشلارنى تېررورىزمنىڭ ئېلىپ چاڭگىلىدىن يىراقلاشتۇردى»... نۇرغۇن چەت ئەللىك زاتلار نەق مەيداننى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق تونۇپ، شىنجاڭدا تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى چۈشىنىدىغانلىقى، مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلىقى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ چېكى يوق. تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئېغىر زىيانكەشلىكى ئالدىدا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت بۇ بىر دۇنياۋى قىيىن مەسىلە ئالدىدا، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى تىرىشىپ قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ چوقۇم تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى كۈتۈۋالىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**